«سۇر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# سۇر بۆجەكنىڭ دوست ئىزدىشى

# 小灰兔找朋友



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

«سۇر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# سۇر بۆجەنىڭ دوست ئىزدىشى

# 小灰兔找朋友




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

小灰兔找朋友：维汉对照 / 新疆师范大学美术系动漫专业组编绘；吾斯曼江·木合麦提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2014.12
（灰灰兔绘本系列）
ISBN 978-7-5469-3743-4

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①新… ②吾… Ⅲ. ①儿童文学 – 图画故事 – 中国 – 当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 298523 号

策　　划：于文胜
责任编辑：买哈巴·买买提
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　灰灰兔绘本系列 —— 小灰兔找朋友（维汉对照）
译　　者　吾斯曼江·木合麦提
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
印　　张　2.5
版　　次　2014 年 12 月第 1 版
印　　次　2015 年 4 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-3743-4
定　　价　14.60 元

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)





چۆپلۈكتە بىر توپ ئاق بۆجەن بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى بىللە ئويناپ، خۇشال ـ خۇرام ياشايدىكەن. بۇ ئاق بۆجەنلەرنىڭ ئارىسىدا بىر سۇر بۆجەن بولۇپ، باشقىلار بىللە خۇشال ـ خۇرام ئويناۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ ھەمىشە بىر چەتتە قاراپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمىغاچقا، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئويناشنى خالىمايدىكەن، باشقا توشقانلارنىڭ ھەممىسى ئاق رەڭلىك، پەقەت ئۇنىڭ رەڭگىلا سۇر ئىكەن.

草地上住着一群小白兔，他们整天在一起玩，一起做游戏，又热闹又快活。在这群兔子当中，有一只小灰兔，当大家玩的时候，他总是远远地站在一边看着。他不愿意跟大家一起玩，因为他发现自己的颜色跟别的兔子不一样，他们是白色的，而自己是灰色的。



سۇر بۆجەن ناھايىتى يالغۇزلۇق ھېس قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىرت-
لارغا چىقىپ ئايلىنىپ كەلمەكچى بوپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، تەلىيى ئوڭدىن
كېلىپ، بىرەر ياخشى دوست تېپىۋېلىشنى ئويلاپتۇ.

بىركۈنى كېچىسى سۇر بۆجەن ئۆزى يالغۇز چۆپلۈكتىن ئايرىلىپتۇ.

小灰兔觉得很孤独，于是他决定出门去走一走，看一看。他想，如果运气好，也许能找到一个好朋友呢。

一天夜里，小灰兔独自离开了那片草地。





ئورمانلىقنىڭ ئەتراپىدا سۇر بۆجەن بىر چوڭ ئېيىققا يولۇقۇپ قاپتۇ.

在森林边,小灰兔碰见一头高大的熊。

سۇر بۆجەن ئېيىقنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېيىقنىڭمۇ يۇمشاق قۇلىقى ۋە قىسقا قۇيرۇقى بار ئىكەن، شۇڭلاشقا توشقانچاق ئېيىق بىلەن ئۆزىنى ناھايىتى يېقىن ھېس قىپتۇ.

ئۇلار ئىككىسى دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ. ئېيىق سۇر بۆجەندىن سو-
راپتۇ:

— سەن نەگە بارماقچى؟

— مەن دوست ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سۇر بۆجەن.

— مەنمۇ بىر دوست تېپىشنى ئويلاۋاتاتتىم. بىز دوست بولايلى، بولامدۇ؟

سۇر بۆجەن خۇشاللىق بىلەن ئېيىقنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.

小灰兔看到熊的颜色和自己的一样，而且熊也长着毛茸茸的耳朵和短短的尾巴,便觉得熊跟自己很亲近。

他们俩坐在树桩上聊天。熊问小灰兔:“你要上哪儿去?”小灰兔说:“我要去找朋友。”熊说:“我也正想找个朋友。我请你当朋友,好不好? ”小灰兔高兴地答应了。





ئېيىق سۇر بۆجەننى ئەگەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ دەرەخ كاۋىكىدىكى ئۆيىگە باشلاپ كە-
رىپتۇ. ئۇنىڭ كارىۋىتى ھەم چوڭ، ھەم ئېگىز ئىكەن. كەچتە، ئېيىقچاق يۇمشاق قوللى-
رى بىلەن سۇر بۆجەننى ئاۋايلاپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ، سۇر بۆجەن بۇنىڭدىن
ناھايىتى تەسىرلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق تاتلىق ئۇخلاپتۇكى، بىر چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ
چۈشىدە ئېيىققا ئوخشاش چوڭ ۋە بەستلىك بولۇپ قاپتۇدەك.

熊把小灰兔领进自己的树洞里。熊的床又高又大。晚上,熊用温暖的大爪子,细心地把小灰兔托到床上睡觉。小灰兔感动极了。他甜甜地睡着了,还做了一个梦,梦见自己长得像熊那样高大、那样威武。



سۇر بۆجەن بىلەن ئېيىقچاق بىللە تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۆز-
ئارا پاراڭلىشىپ، ئورمان ئىچىنى بىللە ئايلىنىپتۇ. ئېيىقچاق
دەرەخ ئۈستىدىن تاتلىق ھەسەل تېپىۋالغاندا، ھەمىشە سۇر
بۆجەن بىلەن بىللە يەپتۇ.

小灰兔和熊住在一起，他们一起说话，一起到森林里散步。熊在树上找到甜美的蜜蜂，总是和小灰兔一起分享。






كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتۈپتۇ.

بىلىپ ـ بىلمەي، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياپيېشىل يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ بىر شامال چىقىشى بىلەنلا، يوپۇرماقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ.

قىش كەپتۇ. ئېيىق ئەمدى سىرتلارغا چىقمايدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۇ كارىۋىتىغا چىقىپ ئۇخلاشنى باشلىۋېتىپتۇ، بىر ئۇخلىغانچە نەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىدىكەن، يېمەي ـ ئىچمەيدىكەن. ئېيىق ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا، سۇر بۆجەن دائىم ئۇنىڭ يېنىدا ئاچ قورساق قاراپ ئولتۇرۇپ، خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىدىكەن.

日子过得非常快。

不知不觉间，树叶由绿变黄。一阵风吹来，叶子慢慢地飘落了。

冬天来了。熊再也不去散步了。他开始躺在床上睡大觉，一睡就是好多天，不吃也不喝。当熊睡着的时候，小灰兔常常不得不坐在他的身边，听着他的鼾声，饿着肚子。





بىركۈنى سۇر بۆجەن بىر ئامالللارنى قىلىپ ئېيىقنى ئويغىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ــ سەن نېمىشقا ئۇخلاۋېرىسەن؟

ــ بىز ئېيىقلار قىش كېلىشى بىلەنلا مۇشۇنداق ئۇخلايمىز. بۇنى «ئۆچەككە كىرىش» دەيمىز، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئېيىق.

有一天,小灰兔费力地把熊摇醒,问他:“你为什么总是睡觉? ”“我们熊一到冬天就要睡觉。这叫冬眠。”熊说。



ئېيىق شۇنداق دېگەچكە، سۇر بوجەنمۇ ئۆچەككە كىرىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ قاپتۇ ـ دە، ئۇمۇ ئېيىققا ئوخشاش يېتىۋاپتۇ.

بىراق ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالماپتۇ.



既然熊需要冬眠，小灰兔想也许自己也应该冬眠。于是,他也跟着闭上眼睛,像熊一样睡觉。

可是,他总是睡不着。





— مەن ئۇخلىيالمىدىم، — دەپتۇ سۇر بۆجەن، — بىراق سەن قىشچە ئۇخلاپ چىقىسىڭ. سەن پۈتۈن بىر قىش ئۇخلىغاچقا، ھېچكىم مەن بىلەن پاراڭلاشمىدى، ھېچكىم مەن بىلەن ئوينىمىدى، مەن بەك يالغۇز قالدىم.

بۇنى ئاڭلىغان ئېيىق سۇر بۆجەنگە دەپتۇ:

— مەنمۇ سېنىڭ يالغۇز قېلىشىڭنى خالىمايمەن. ئۇنداقتا سەن كەتكىن، بېرىپ باشقا بىر دوست تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىشنى ئۆتكۈزگىن. باھار كەلگەندە مەن سېنى كۆرگىلى بارىمەن.

“我睡不着,”小灰兔说,“而你要睡整整一个冬天。整个冬天没人陪我说话,没人和我玩,我会感到孤独的。”

熊说:“我不愿意你孤独。你走吧,去找个新朋友,和新朋友一起过冬。到了春天我再去看你。”



ئېيىق سۇر بۆجەننى دەرەخ كاۋىگىدىكى ئۆيد-
نىڭ ئېغىزىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. سۇر بۆجەن دە-
رەختىن چۈشۈپلا يولىغا راۋان بوپتۇ.

熊把小灰兔送到洞口，小灰兔从树洞里爬了出来。

تالا ناهايىتى سوغۇق بولۇپ، ئوت - چۆپلەرمۇ قۇرۇپ كەتكەنىكەن. ئورمانلىقتىكى دادا تۈلكىنىڭ ئاچ قالغىنىغا نەچچە كۈن بولغان بولۇپ، باللىرى ئۆيدە ئۇنىڭ ئوزۇق-لۇق ئەكىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن.

外面很冷,草儿都枯黄了。森林里的狐狸爸爸饿了好几天,他的孩子们正等着他弄吃的回去呢。





بۇ ۋاقىتتا، ئۇ سۇر بۆجەننى كۆرۈپ قاپتۇ. سۇر بۆجەن دادا تۈلكىگە قولىنى پۇلاڭلىتىپ: «ياخشىمۇسىز!» دەپ سالام بېرىپتۇ.

دادا تۈلكە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن توشقان كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق ھېچقاچان بىرەر توشقاننىڭ ئۆزىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام قىلغىنىنى كۆرمىگەنىكەن. ئۇ سۇر بۆجەنگە تىكىلىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ھەي شۇمتەك، نەگە كېتىۋاتىسەن؟

这时，他看见了小灰兔。小灰兔像狐狸爸爸挥挥爪子："你好！"

狐狸爸爸吓了一跳。他这辈子见过无数只兔子，可从来没有见过哪只兔子会主动跟他打招呼。他盯着小灰兔，问道："小家伙，你去哪？"



— مەن قشنى بلله ئۆتكۈزۈشۈپ بېرىدىغان دوست ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سۇر بۆجەن.

بۇنى ئاڭلىغان تۈلكىنىڭ خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئاغزى بۇرنىغا يېتىپتۇ.

ۋاھ، ئەجەب ياخشى بولدى. ئەسلىدە بىر كىچىك هاماقەتكە ئۇچراپتىمەن ئەمەسمۇ!

دادا تۈلكە دەرهاللا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— مەن سەن بىلەن دوست بولۇشنى خالايمەن، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى سەن بىلەن دوست بولۇشنى خالايدۇ. قېنى مەن بىلەن يۈر! — دەپتۇ.

سۇر بۆجەن خۇشال هالدا دادا تۈلكىگە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

“我要去找个朋友,一起过冬。”小灰兔说。

狐狸爸爸听到这儿,笑得嘴角咧到了耳根旁,眼睛、眉毛挤到一块儿。哎呀,太好了,原来碰上了一个小傻瓜!

狐狸爸爸急忙挤眉弄眼地说:“我愿意做你的朋友，我们一家子都愿意做你的朋友。你跟我走吧！”

小灰兔高兴地跟着狐狸爸爸往前走。





تۈلكە ئائىلىسىدىكىلەر سۇر بۆجەننى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. تۈلكە ئانا قازان - قومۇشلارنى يۇيۇشقا باشلاپتۇ، تۈلكە ئوغۇل سۇ ئىلىپ كەپتۇ، دادا تۈلكە بولسا پىچاقلىرىنى بىلەپ پارقىرىتىۋېتىپتۇ.

狐狸一家子非常热情地欢迎小灰兔的到来。狐狸妈妈刷锅洗碗,狐狸儿子忙着烧水，狐狸爸爸将雪亮的刀子在石头上磨得霍霍响。







سۇر بۆجەن تۈلكە ئائلسدكى باللار بلەن بلله ئويناپتۇ. ئۇ تۈلكە سڭلغا:

— مەن چوقۇم سلەر بلەن ياخشى دوست بولۇپ كېتمەن، — دېگەنكەن، تۈلكە سڭل ئۇنڭغا:

— ئەخمەق! بز سەن بلەن دوست بولمايمز. دادام سېنى بۇ يەرگە بزگە كەچلك تاماق قلش ئۈچۈن ئەكەلگەن، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

小灰兔和小狐狸们一起玩。他对狐狸妹妹说:“我要跟你们一家子做好朋友。”

“傻瓜!我们才不跟你做朋友呢。我爸爸把你带到这儿,是要你给我们当晚餐!”







بۇنى ئاڭلىغان سۇر بۆجەن قورققىنىدىن بىر سەكرەپلا دېرىزىدىن چىقىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

دادا تۈلكە قولىدا پىچىقنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، ئانا تۈلكە ۋە بالا تۈلكىلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ۋارقىراپ ـ جاقىراپ تەھدىت سېپتۇ.

小灰兔笑了一跳,赶紧从窗口跳出去,跑掉了。

狐狸爸爸挥着明晃晃的刀子在后面猛追,狐狸妈妈和小狐狸们也一路跟着,替他呐喊助威。



يۈگۈرە - يۈگۈرە، سۇر بۆجەن جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپتۇ.

ئۇ ئالدى تەرەپتىكى چۆپلۈكتە نۇرغۇنلىغان ئاق بۆجەنلەرنىڭ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇلار خۇددى شامالدەكلا يۈگۈرۈۋاتقانىكەن.

跑呀跑呀跑，小灰兔拼命跑。

他看见前面的草丛里刷刷地跑过一只又一只小白兔，他们跑得那么快，简直快的像一阵风。





بۇ چاغدا ئۇ چۆپلۈكتە بىرسىنىڭ تووۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ:
— تېز بول! چاپسان بۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋال!
ئەسلىدە ئۇ بىر ئاق بۆجەن ئىكەن.

这时,他听见草丛里有个声音说:“快,快躲到这儿来! ”原来,是一只小白兔。



سۇر بۆجەن بىلەن ئاق بۆجەن بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ، ئورەك ئىچىدە مىدىرلىماي يېتىۋاپتۇ.

小灰兔和小白兔紧紧挤在一个洞里，一动也不敢动。





لېكىن ھىيلىگەر دادا تۈلكە يەنىلا ئۆرەك ئاغزىنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ ئانا تۈلكە ۋە باللىرىنى ئەتراپىنى قورشاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۆرەكنى كولاشقا باشلاپتۇ. ئۇ قېزىپ ئۆرەكنىڭ ئې-غىزىنى بىرئاز كېڭەيتمەكچى بوپتۇ.

但狡猾的狐狸爸爸还是发现了洞口，他让狐狸妈妈和小狐狸们守住洞口，自己舞动爪子，拼命扒拉洞口的泥土，想把洞口挖大一些。



سۇر بۆجەنىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلاپتۇ.
«قورقما، مەن بار!» ئاق بۆجەن شۇنداق دەپلا سۇر بۆجەننى
باشلاپ، ئورەكنىڭ يەنە بىر ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

小灰兔的心怦怦直跳。

小白兔说:“别害怕,跟我跑!”小白兔领着小灰兔,悄悄从另一个出口,离开了这个地洞。

دادا تۈلكە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۆرەكنىڭ ئېغىزىنى خېلى چوڭايتىپتۇ ۋە ئىچىگە كىرىپتۇ، بىراق ئۆرەك ئىچىدە توشقان كۆرۈنمەپتۇ، پەقەت بىر باغلام ئوت ـ چۆپلا بار ئىكەن. ئۇ ئاچچىقىدا ھۆركىرەپتۇ، بىراق بۆجەنلەر ئاللىقاچان يىراقلارغا قېچىپ كەتكەنىكەن.

تۈلكە ئائىلىسىدىكىلەر سالپىيىشقان پېتى ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئاق بۆجەن سۇر بۆجەننى ئەگەشتۈرۈپ يەنە چۆپلۈككە يېتىپ كەپتۇ. ئاق بۆجەنلەر سۇر بۆجەننى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭدىن سورۇشۇپتۇ:

— سەن نەگە باردىڭ؟

— مەن دوست ئىزدەپ چىققانىدىم.

— بىز كۆپچىلىك ھەممىمىز سېنىڭ دوستلىرىڭ ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن يەنە تالاغا چىقىپ دوست ئىزدەيسەن؟

سۇر بۆجەننى خىجىللىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— مەن ئىلگىرى سىلەرنىڭ دوستۇم ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەپتىكەنمەن.

狐狸爸爸忙活了半天,才把洞口挖大了一些,可洞里根本没有兔子,只有一堆烂草根。狐狸爸爸气得哇哇大叫,但小白兔和小灰兔早跑远了。狐狸一家子只好垂头丧气地回家去了。

小白兔领着小灰兔,又回到了草地上。小白兔们围着小灰兔,问他:“你到哪儿去了?”

小灰兔说:“我找朋友去了。”

小白兔说:“我们大家不都是你的朋友吗? 你为什么还要出去找朋友呢?”

小灰兔不好意思地说:“我以前不知道你们都是我的朋友啊!”





يەنە بىر گۈزەل ئەتىياز يېتىپ كەپتۇ. قۇياش ئىللىق نۇرىنى يەر يۈزىگە چېچىپتۇ.
سۇر بۆجەن ئاق بۆجەنلەر بىلەن بىرلىكتە چۆپلۈكتە موللاق ئېتىپ، مۆكۈشمەك
ئويناپتۇ.

又是一个美丽的春天。
阳光暖暖地照在草地上。
小灰兔和小白兔一起在草地上打滚，捉迷藏。







دەل مۇشۇ چاغدا، بىر
چوڭ هايۋان توشقانلار تەرەپكە
قاراپ كەپتۇ. ئاق بۆجەنلەرنىڭ هەم-
مىسى جىددىيلەشكىنىدىن قۇلاقلىرىنى
دىڭ قىلىپ ئۇ ناتونۇش هايۋانغا قارىشىپ
تۇرۇپتۇ.
سۇر بۆجەن كۆپچىلىككە:
— ئۇ مېنىڭ دوستۇم ئېيىق بولىدۇ، ئۇ بۇ يەرگە مېنى
كۆرگىلى كەپتۇ! — دەپتۇ.
ئىككى دوست چىڭ قۇچاقلىشىپ، قايتا جەم بولغىنىنى تەبرىكلىشىپتۇ.

这时,一个高大的动物朝兔子们走来。小白兔们全都紧张地竖起耳朵,看着那个陌生的动物。

小灰兔告诉大家;“他是我的朋友大熊,他来看我了!”

两个好朋友紧紧拥抱在一起,庆祝他们的重逢。





بۇ كىتاب شەندۇڭ جىنەن «ئەتە» نەشرىياتىنىڭ 2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 4 ـ ئاي 10 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据山东济南明天出版社 2012 年 2 月第 1 版，2014 年 4 月第 10 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** يۇ ۋېنشېڭ
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مەرھابا مۇھەممەت
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** ليۇ ۋېييۈ

«سۇر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# سۇر بۆجەننىڭ دوست ئىزدىشى

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئۇسمانجان مۇھەممەد

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
**زاۋۇت:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 2.5
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 3743 - 4
**باھاسى:** 14.60 يۈەن

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات



ISBN 978-7-5469-3743-4

定价：14.60元